شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 9 - ئاي
18
چارشەنبە
维吾尔文 9月18日

新疆日报
شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24822 - سان بۈگۈن 4 بەت

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى رەئىسىنىڭ پەرمانى

34 - نومۇرلۇق

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەپ، يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان تۆھپىكار نەمۇنىچى شەخسلەرنى داغدۇغىلىق تەقدىرلەپ، مىللىي روھ ۋە دەۋر روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش ئۈچۈن، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 13 - قېتىملىق يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، تۆۋەندىكى زاتلارغا دۆلەت ئوردېنى، دۆلەت شەرىپى نامى بېرىلدى:

1. يۈ مىن، شېن جىلەن (ئايال)، سۇن جياۋدۇڭ، لى يەننىيەن، جاڭ فۇچىڭ، يۈەن لۇڭپىڭ، خۇاڭ شۈخۇا، تۇ يويوۋ (ئايال)لارغا «جۇمھۇرىيەت ئوردېنى» بېرىلدى.

2. رائۇل كاسترو رۇز (كۇبا)، ماخا چاكرى سىرىندورن (ئايال، تايلاند)، سەلىم ئەھمەد سەلىم (تانزانىيە)، گاللىنا ۋېنىئامىنوۋنا كۇلىكوۋا (ئايال، رۇسىيە)، ژان پىئېر رافاللان (فرانسىيە)، ئېلىزابېت كرۇك (ئايال، كانادا)لارغا «دوستلۇق ئوردېنى» بېرىلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پەيتىدە

دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ رەئىس پەرمانى ئىمزالىدى

42 كىشىگە دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرىپى نامى بەردى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى رەئىس پەرمانى ئىمزالاپ، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 13 - قېتىملىق يىغىنى 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللىغان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرىپى نامى بېرىش توغرىسىدىكى قارارىغا ئاساسەن، 42 كىشىگە دۆلەت ئوردېنى، دۆلەت شەرىپى نامى بەردى.

رەئىس پەرمانىغا ئاساسەن، يۈ مىن، شېن جىلەن (ئايال)، سۇن جياۋدۇڭ، لى يەننىيەن، جاڭ فۇچىڭ، يۈەن لۇڭپىڭ، خۇاڭ شۈخۇا، تۇ يويوۋ (ئايال)لارغا «جۇمھۇرىيەت ئوردېنى» بېرىلدى.

رائۇل كاسترو رۇز (كۇبا)، ماخا چاكرى سىرىندورن (ئايال، تايلاند)، سەلىم ئەھمەد سەلىم (تانزانىيە)، گاللىنا ۋېنىئامىنوۋنا كۇلىكوۋا (ئايال، رۇسىيە)، ژان پىئېر رافاللان (فرانسىيە)، ئېلىزابېت كرۇك (ئايال، كانادا)لارغا «دوستلۇق ئوردېنى» بېرىلدى.

يې پېيجيەن، ۋۇ ۋېنجۈن، نەن رېندۇڭ (مانجۇ)، گۇ فاڭجوۋ، چېڭ كەيجيالارغا «خەلق ئالىمى» دۆلەت شەرىپى نامى بېرىلدى؛ يۈ يى (ئايال)، ۋېي شىڭخۇا، گاۋ مىڭشۈەنلەرگە «خەلق مائارىپچىسى» دۆلەت شەرىپى نامى بېرىلدى؛ ۋاڭ مېڭ، چىن يى (ئايال)، گو لەنيىڭ (ئايال)لارغا «خەلق سەنئەتكارى» دۆلەت شەرىپى نامى بېرىلدى؛ غەيرەت ماھمۇت (ئۇيغۇر)، شېن لياڭلياڭ، مەي شېڭدى، جاڭ چاۋلارغا «خەلق قەھرىمانى» دۆلەت شەرىپى نامى بېرىلدى؛ ۋاڭ ۋېنجياۋ، ۋاڭ يۇۋدې (خۇيزۇ)، ۋاڭ چىمىن، ۋاڭ جىسەي، بۇرماقان مولدۇ (ئايال، قىرغىز)، جۇ يەنفۇ، لى باۋگو، دۇگۇيما (ئايال، موڭغۇل)، گاۋ دېرۇڭ (دۇلۇڭزۇ)لارغا «خەلق ئۈلگىسى» دۆلەت شەرىپى نامى بېرىلدى؛ رېدى (زاڭزۇ)غا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن تۆھپىكار» دۆلەت شەرىپى نامى بېرىلدى؛ دۇڭ جيەنخۇاغا «بىر دۆلەتتە ئىككى تۈزۈم بولۇش»تىكى كۆزگە كۆرۈنگەن تۆھپىكار» دۆلەت شەرىپى نامى بېرىلدى؛ لى داۋيۇگە «دىپلوماتىيە خىزمىتىدە كۆزگە كۆرۈنگەن تۆھپىكار» دۆلەت شەرىپى نامى بېرىلدى؛ فەن جىنشى (ئايال)غا «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداشتىكى كۆزگە كۆرۈنگەن تۆھپىكار» دۆلەت شەرىپى نامى بېرىلدى.

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمى كۆرۈلدى

شىنجاڭ ساياھىتىدە «ئادەم، بايلىق» تەك جانلىنىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى

كەسىپ مۇۋەپپەقىيەتلىرى توغرىسىدا زىيارەت

مۇخبىرىمىز **رىن جياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: «بۇ يىل 1 - ئايدىن 8 - ئايغىچە، بايىنغولىن ئوبلاستى كۈتۈۋالغان ساياھەتچى جەمئىي 18 مىليون 808 مىڭ 800 ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 46.62% ئاشتى؛ ئىشقا ئاشۇرغان ساياھەت كىرىمى 14 مىليارد 901 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 67.19% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، 8 - ئايدا كۈتۈۋالغان ساياھەتچى 4 مىليون 665 مىڭ 300 ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 40.64% ئاشتى؛ ئىشقا ئاشۇرغان ساياھەت كىرىمى 3 مىليارد 837 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 66.54% ئاشتى» دېدى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەدەنىيەت - تەنتەربىيە - رادىيو - تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى دوەن شۆپىڭ تونۇشتۇرۇپ.

بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، جەمئىيەت مۇقىملىقى پايدىسىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، تولۇق پايدىلىنىپ، ساياھەت تەرەققىياتىنى چەكلەۋاتقان بوغما ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئېشىش قۇۋۋىتىنى بەرپا قىلدى، كۈتۈۋېلىنغان دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ساياھەتچىلەر سانى، ساياھەت كىرىمىدە قوش ئېشىش كۆرۈلدى.

بۇ يىل 1 - ئايدىن 8 - ئايغىچە، شىنجاڭ كۈتۈۋالغان دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ساياھەتچى جەمئىي 149 مىليون 280 مىڭ ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 40.91% ئاشتى؛ ئىشقا ئاشۇرغان ساياھەت كىرىمى 242 مىليارد 913 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 41.28% ئاشتى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى «ئەدەبىيات - سەنئەت يېزىنىڭ ئاتالىق ئەسكەرلىرى» ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسپلەر تەرەققىيات رايونى (يېڭىشەھەر رايونى) لېۋشىخۇ يېزىسى قازاق مىللىتى يېڭى كەنتىگە بېرىپ ھال سوراش ئويۇنى قويۇپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خۇشال - خۇرام كۈتۈۋالدى. □مۇخبىرىمىز زوۋ يى فوتوسى

100 مەيدان كۆيەشىن، 25 مىليون تىلەك

تيانشان ئوغۇل - قىزلىرى ناخشا ئېيتىپ ۋەتەننى مەدھىيەلىدى

دۆلەت بايرىمىنى خۇشال - خۇرام كۈتۈۋالايلى

مۇخبىرىمىز **لى دايياۋ** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، «ئۆگىنىش كۈچلۈك دۆلەتى» APPسىنىڭ «ئەمەلىيەت» سەھىپىسىدە «يۈز مەيدان كۆيەشىن، 25 مىليون تىلەك — تيانشان ئوغۇل - قىزلىرى ناخشا ئېيتىپ ۋەتەننى مەدھىيەلىدى» قىسقا سىنى ۋە ماقالىسى باش قىسمىدا قويۇلۇپ ئۇلاپ تارقىتىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى تورداشلارغا تيانشان ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ قويۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى نامايان قىلىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خۇشال - خۇرام كۈتۈۋېلىشنىڭ شادلىق مۇقەددىمىسىگە ئايلاندى.

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇننى ئىككىلىك كودنى سكانىرلاپ كۆرۈڭ

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئۆگىنىشتە چوڭقۇرلۇققا ئەھمىيەت بېرىش ھەرىكەتتە ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئىنتىلىش

— ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، تارباغاتاي ۋىلايىتى، ئالتاي ۋىلايىتى 2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا، كۈچلۈك ئالغا سىلجىتتى

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

2 - تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى باشلانغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار ئىدىيە ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، باش تېما، ئاساسىي لىنىيەنى چۆرىدەپ، چوڭقۇر ئۆگىنىپ تولۇق ئۆزلەشتۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، يۇكسەك سىياسىي ئاڭلىقلىق ۋە تولۇپ تاشقان روھىي ھالەت بىلەن باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، پۇختا نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى. ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، تارباغاتاي ۋىلايىتى، ئالتاي ۋىلايىتى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىنى يولغا قويۇش لايىھەسىنى تۈزۈپ، مەركەزلىك كىتاب ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش، تەتقىقات - مۇھاكىمىنى قانات يايدۇرۇپ، نەزەرىيە ئۆگىنىش، مەسىلىنى بايقاش، مەسىلىنى ھەل قىلىشنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشى، پۇختا ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولدى.

ئىلى ئوبلاستى:
ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتۇش
خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش

9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئىلى ئوبلاستىنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنىدىن كېيىن، ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار ئۆز ئورنى، ئۆز رايونىنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتتى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە
— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

تەكشۈرۈپ تەستىقلاش «ئورۇن بوشاتتى» مۇلازىمەت «تۆرگە چىقتى»

ئاپتونوم رايونىمىز مۇھىت تەسىرىنى باھالاشتىكى «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇردى

مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يايۈن** خەۋەر قىلىدۇ: «ئىلگىرى بىز مۇلازىمەت زالىغا بېرىپ نەق مەيداندا ئىش بېجىرەتتۇق، ھازىر ئۆيىمىزدە تور ئارقىلىقلا ماتېرىيال يوللىغىلى بولىدۇ؛ ئىلگىرى 60 خىزمەت كۈنىدە ئاندىن تەستىق ھۆججىتىنى ئالالايتتۇق، ھازىر 40 خىزمەت كۈنىدە، ھەتتا تېخىمۇ قىسقا ۋاقىتتا ئالالايمىز. بۇ تەننەرخنى تېجەپلا قالماي، يەنە كارخانىلارنىڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى تېخىمۇ يۇقىرى ئۈنۈملۈك قىلدى.» 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ئېكولوگيەلىك مۇھىت ساھەسىنىڭ مۇھىت تەسىرىنى باھالاشتىكى «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتى ئېلىپ كەلگەن قولايلىقلار توغرىسىدا شىنجاڭ خىمىيە - سانائىتى لايىھەلەش تەتقىقات يۇرتىنىڭ مۇدىرى چيەن گاڭنىڭ تەسىراتى ناھايىتى كۆپ بولدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا دائىمىي كومىتېت تەسىس قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى

پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك

مۇخبىرىمىز **جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا دائىمىي كومىتېت تەسىس قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. سۆھبەت يىغىنىدا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى يېتەكچى قىلىنىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسى چوڭقۇر ئۆگىنىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، 40 يىلدىن بۇيانقى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ھەم ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت نەتىجىسى ۋە تەجرىبىسى خۇلاسىلىنىپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى سەۋىيەسى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈلدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

«24 سائەت» شىنجاڭنىڭ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان قىياپىتىنى نامايان قىلدى

سۆز ھەممىگە

□جاڭ بېي

بىر كۈن 24 سائەت، بىپايان شىنجاڭدا، سىز نېمىلەرنى كۆرەلەيسىز؟ 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «شىنجاڭدىكى 24 سائەت» ناملىق بىر بۆلەك مىكرو سىن توردا تېز تارقىلىپ، سان - ساناقسىز كىشىنىڭ تارقىتىشى ۋە ماختىشىغا ئېرىشتى. ئۈچ مىنۇتتىن كۆپرەك ئۇزۇنلۇقتىكى بۇ بۆلەك سىندا شىنجاڭنىڭ مۇقىم، گۈللەنگەن جەمئىيەت ۋەزىيىتى، ھەيۋەتلىك،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى
天山网 APP
新疆日报网
微信公众号
新疆头条 APP

دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسى پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭغا «قەلب»تىن نەزەر سېلىش

ساياھەت - مەدەنىيەت مەخسۇس تېمىلىق تونۇشتۇرۇش يىغىنى «شىنجاڭ كۈنى»گە يەنىمۇ ھۆسن قوشتى

جەلپكار دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسى، گۈزەل شىنجاڭ

مۇخبىرلىرىمىز **جاڭ تىڭ، لىيۇ دۇڭلېي** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، 2019 - يىللىق جۇڭگو بېيجىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسى «شىنجاڭ كۈنى» پائالىيىتى ساياھەت - مەدەنىيەت مەخسۇس تېمىلىق تونۇشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، «شىنجاڭ كۈنى» پائالىيىتىگە يەنىمۇ ھۆسن قوشتى. «شىنجاڭ ياخشى جاي، ھازىر شىنجاڭدا جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم، ئىقتىساد راۋاجلانغان، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلانغان، ساياھەتچىلىك ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغان بولۇپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ساياھەتچىلەر ياقتۇرىدىغان ساياھەت مەنزىلگاھىغا ئايلاندى.» ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى گۈلى ئابلىم تونۇشتۇرۇش يىغىنىدا مۇنداق دېدى: «بۇ يىل 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ 150 مىليون ئادەم قېتىمغا يېقىن ساياھەتچىنى كۈتۈۋالدى».

شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىرىدىكى ساياھەت تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بەس - بەستە سەھنىگە چىقىپ، يۇرتىنىڭ ۋاكالەتچىسى بولدى. «دۇنيا دەرىجىلىك قىش پەسىللىك ساياھەت مەنزىلگاھى بەرپا قىلىش» «تيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىدە ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ئارام ئېلىش» ئالاھىدە ساياھىتى... يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى پەيتىدە، مول تەسىر كۈچكە ئىگە تۈرلۈك ساياھەت مەھسۇلاتلىرى دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسى ئارقىلىق كىشىلەر ئالدىدا نامايان بولدى. شىنجاڭ ھەممە جايدىكى مېھمانلار، دوستلار تەلپۈنىدىغان جايغا ئايلانماقتا.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)